
# جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خرىستىيان ئۇيۇشمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى



ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

ئىلاۋە: مەزكۇر ماقالىدە شۇتىسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى مۇرت توپلاش جەريانىنى ئەسلىمە شەكلىدە خېلى ئەتراپلىق بايان قىلغان. ئاپتور (بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن، تۇردىكى ئادرېستا ئاپتور ئېنىق ئەسكەرتىلمىگەن) ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆلچەم قىلىپ، بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭلاشقا، ئەسلىمىدىكى كۆز قاراشلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا، بەزى تارىخى ۋەقەلەرنى يەنىمۇ تەھقىقلەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئىزاھلاش زۆرۈر دەپ قارىغان جايلارنى ئىزاھلاپ كۆرسەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، بىر قىسىم جايلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر ئەسلىمە ئەينى ۋاقىتتىكى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغاچقا، بۇ تارىخقا قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا تەرجىمە قىلىندى. ئەسلىمىدە ئاپتور پۈتۈنلەي ئۆز دىنىي ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە باھا بەرگەن (مەسىلەن، ئۆز مۇرتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆپتۈرۈپ، يەرلىك مۇسۇلمان ئاممىسىنى چۆكۈرىدىغان قاراشلار) . شۇڭلاشقا، نۇرغۇن كۆز قاراشلاردا بىر تەرەپلىمىلىكلەر ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا قارىغۇچىلارچە ئەگىشىپ كېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇنى ھازىرقى تارىخى، دىنىي ۋە مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرىمىزگە تايىنىپ تۇرۇپ، نېمىنىڭ ئەمەلىي ۋەقە، نېمىنىڭ ھېسسىي چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، شۇتىلارنىڭ قەشقەر رايونىدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى قاتارىغا ئۆتكەنلەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يېتىم-يېسىر، ئېگە-چاقىسىز بالىلار ۋە ئەينى ۋاقىتتا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە مۇھتاجلىق ئىلكىدە قالغان كىشىلىرىمىز خالاس. شۇڭلاشقا، بۇ كىشىلىرىمىزگە باھا بەرگەندىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىتنى چىقىش نوقتا قىلغان ئاساستا باھا بېرىشىمىز بەكمۇ مۇھىم. بۇ ئەسلىمىنى دوستلارنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنى ۋە بىر مۇخبىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كېلىپ دىن تارقىتىش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان شىۋېتنىڭ قىزىنى (بۇ قىز قەشقەرگە كېلىپ باقمىغان) زىيارەت قىلغان فىلىمنى ۋە توردا شالار بۇرۇن تارقاتقان مۇناسىۋەتلىك فىلىملەرنى قوشۇمچە قىلدىم. زىيارەتنىڭ تىلى ئىنگىلىزچە ئەمما خەنزۇچە خەتلىك بولۇپ، زىيارەت جەريانىدا زىيارەت قىلىنغۇچى يۇرتىمىزنىڭ ئەينى تارىخى شارائىتتىكى جۇغراپىيەلىك نامىنى قايتا-قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

ئەمما، بۇنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق.

# جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خىرىستىيان ئۇيۇشمىسى-چىقىش ئىنتايىن قىيىن بولغان تىك قىيا




شۋېتلار بېقىۋالغان يېتىم-يېسىر باللار

بۈگۈن قەشقەرنىڭ قايناق بازار كۈنى، بازار كىشىلەر بىلەن لىق تولغان، ھەممە يەردە ۋاقىتلىق قويۇلغان مال يايمىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلە-قاق ساتىدىغانلارمۇ بار، قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك بوستانلىقلاردىن ئۈزلىرى تېرىغان سەي-كۆكتاتلارنى ئېلىپ كېلىپ قازان، داس، چېلەك ۋە ئات جابدۇقلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ كېتىدىغانلارمۇ بار. بۇ ۋاقىتتا، شۇنداق بىر نەزەر تاشلىسىڭىزلا قاۋۇل، ساغلام بەدەنلىك ئۇيغۇرلار توپىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇلار چىلان رەڭلىك ياكى سىزىقچىلىرى رەڭدار قىلىن يەكتەك، ئاق رەڭلىك ئىشتىنىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز قونچىلىق ئۆزۈن ئۆتۈك، پاكىزە چۈشۈرۈۋېتىلگەن بېشىغا چۈرىسىگە تۈت تۇتۇلغان سالۋا تۇماق كىيىۋالغان بولۇپ، ئىنتايىن ئۆزگىچە كۆرۈنىدۇ. ئەمما، گاھىدا تۈرۈپ-تۈرۈپ ئېچكىرىدىن كەلگەن ناھايىتى ئورۇق، كۆك ماتا ياكى يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىۋالغان خەنزۇلارنى ياكى غەرب تەرەپتىن كەلگەن ئۆزۈن ھەم كەڭرى چاپانلارنى، ئۇچلۇق باش كىيىملىرىنى كىيىۋالغان روسلارنى ۋە ياكى بومبۇر ساقال

ھىندىستانلىقلارنى، پامىر تەرەپتىن كەلگەن يۈزلىرى قىپ-قىزىل، تۆگىلەرگە مىنىۋېلىپ كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا پەسكە قاراپ ماڭىدىغان قىرغىزلارنىمۇ ئۇچرىتىپ قالىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، كوچىدا ئېشەك ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ماڭدامدا بىرى ئۇچرايدۇ، بەزەنلىرى ئوتۇن ئارتقان؛ بەزەنلىرى سېۋەت-سېۋەتتە قوغۇن-تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئارتىشقان؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، يوغان باغلانغان ئوت-بوغۇزلارنى ئارتىشقان بولۇپ، خۇددى مېڭىۋاتقان ئوت-چۆپ دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.




ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر بازىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

بازارنىڭ بىر تەرىپىدە ھېيتگاھ جامەسى بولغاچقا، بۇ بازار مۇشۇ مەسچىتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بازاردىكى رەت-رەت ھەرخىل ھەر تۈرلۈك يايما دۇكانلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىقىچە سوزۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچچىلار كوچىسى بولسا يارباغ دەرۋازىسىغا يېقىن شەھەردىن چىقىدىغان بىر ئېغىزدۇر. قەشقەر بولسا سېپىل بىلەن قورشالغان بىر شەھەر. تۆت ئەتراپىتا تۆت دەرۋازا بار بولۇپ، بۇ دەرۋازىلار كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ تاكى ئەتىسى كۈن چىققۇچە دائىم تاقاقلىق تۇرىدۇ. ئەگەر چىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يول خېتى بولمىسا، كىشىلەر بۇ جايدىن خالىغانچە چىقىپ كىرەلمەيدۇ. شەھەر سىرتى يوغان چاقلىق يارىيار ھارۋىلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ھارۋىلار ئادەتتە تاڭ ئاتماستا يولغا چىقىدىغانلار ياكى قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدا تۈنەپ قالغانلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر سىرتىدا يەنە ئاز مىقداردا كىچىك قول-ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە بۇلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىنى

قاندۇرىدىغان كوچىدا تۇۋلاپ يۈرۈپ مال ياكى نان ساتىدىغانلارمۇ بار. شەھەر سىرتىدىن ئۇزاقلاپ ماڭسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى بەش چاقىرىم يەرنىڭ ھەممىسى يېشىل بوستانلىق، شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە 60 چاقىرىم ماڭسا، سۈپ-سۈزۈك بوشلۇقتا چاقناپ تۇرغان قاراقۇرۇم تېغى ياكى دۇنيانىڭ ئومۇرتقىسى دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدا شىنجاڭ بىلەن باشقا دۆلەتلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەكرىتېغى بار. مانا بۇ دېگىزدىن ئەڭ يىراق - ئاسيانىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان قەشقەر شەھىرى.

ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر بازار كۈنىدە، ياش ئالى ئېشەك مىنىپ قەشقەرگە كېلىپ بىر ھەپتىلىك سودىلىقلىرىنى قىلماقچى بولدى. بازاردىكى بارلىق مەنزىرە ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاۋازلار ئىچىدىن تاسادىپىي ھالدا بىر جۈملە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ دەرھال توختاپ زادى قانداق ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى. ئەسلىدە ئۈستى-بېشىنى چاڭ-توزان قاپلىغان كۆلرەڭ ئۇزۇن يەكتەك كىيۋالغان بىر ئادەم بىر توپ ياشلارغا (ساداقەتمەن ئىسلام مۇرتلىرى) نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. ئۇ «شۇنداق، مەن مەڭگۈ ئۆلمەيمەن» دەۋاتقىدەك. ئالى ئىچىدە «بۇ ئادەم چوقۇم كاللىسىدىن ئېزىپتۇ، قاراڭلار ئۇنىڭ ھەم قېرى ھەم ئورۇق بەستىگە يەنە تېخى ئۆلمىگۈدەك» دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئاۋۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى، يېنىدىكى بىر ئاڭلىغۇچىدىن.

- ئاۋۇ چەتئەللىكنى دەۋاتامسىز؟ ھە، ئۇ بىر دىن تارقاتقۇچى.

- ئۇ ئاۋۇ دوختۇرخانىدىكى ئادەممۇ؟

- ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى ئوخشىماي تۇرىدۇ.

- ئۇ ساراڭمۇ؟

- ھە! ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بىر خىرىستىيان مۇرتى.

- ئەمما، ئۇنىڭ «مەن مەڭگۈ ياشايمەن» دېگىنى زادى قانداق گەپ؟

- مەن بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇنىڭ مەڭگۈ ياشىغۇسى باردۇر. بىزمۇ ھەم شۇنداق ئويلايمىزغۇ؟ ئاللاھنىڭ بىزگە بەخت ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلايلى! توغرا، سىز ئازراق كېسەك چاي ئالامسىز؟ - ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا مېڭىشتى.


Misranim.com

كوچىدا ۋەز ئېيتىۋاتقان چەتئەللىك

ئەتىراپ قاراڭغۇلاشتى، يېزا يولى ئۆيلىرىگە ئالدىراپ قايتىۋاتقان دېھقانلار بىلەن تولۇشقا باشلىدى. بەزىلىرى ئېشەك مىنىۋالغان، بەزىلىرى ئات ياكى ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇرغان. بەزىلەر يۇقىرى ئاۋازدا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ياڭرىتىشقان، بەلكىم ئات هارۋىلىرى يول بويىدىكى كولىۋېتىلگەن سۇ كۆلچەكلىرىگە پېتىپ قالغان چېغى، بىر قىسىملار يۇقىرى ئاۋازدا ئاتلىرىنى كۈچەشكە دەۋەت قىلىۋاتقان ئىدى.

ئىتلارنىڭ هاۋشىغان ئاۋازى ۋە دېھقانلارنىڭ خوتۇنلىرىغا «ئىشكنى ئاچ» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. گەرچە ئاي پارلاپ تۇرغان ئايدىڭ كېچە بولسىمۇ، ئەتراپتا ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى خېلى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇ ئۆيلەرنىڭ دەرىزىسى ئۆگزىسىدە ئىدى (بۇرۇنقى ئۆيلەردىكى تۈڭلۈكنى كۆرسەتسە كېرەك-تەرجىماندىن) . لېكىن ئۆينىڭ ئىچى يامان ئەمەس بولۇپ، تاملار ئاپپاق ئاقارتىلغان، تام ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى ئويۇقتا يوتقان-كۆرپىلەر تىزىلغان، كاڭ ئۈستىگە رەڭدار گىلەم سېلىنغان بولۇپ، بۇ كۈندۈزى سافالىق رولىنى، كېچىسى كارۋاتلىق رولىنى ئوينايتتى. ئۆينىڭ ئالدىغا قىلىنغان ئۈزۈم تال بارىڭى ئۆلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن يېنىپ سالقىندايدىغان، چاي ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك يېرى. ئالى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېرىيدىغان يەرلىرى بار. شىنجاڭنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، بۇ يەرلەرگە ئوغۇت چاچمايمۇ بىر يىلنىڭ ئىككى پەسلىدە مول

ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ سۇيى لاھىيەلەنگەن سۇ باشلاش يوللىرى ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتىكى قىزىل دەريادىن باشلاپ كېلىنىدۇ.

يېمەك-ئىچمەكى ناھايىتى مول، ئەمما ئىنتايىن ئەرزان. ئۇلار تېرىيدىغان زىرائەتلەر ئاساسەن بۇغداي، قوناق، ھەر خىل كۆكتاتلار، بەش تىيىنغا بىر نەچچە ساپاق ئالغىلى بولىدىغان ئۈزۈم، چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل تەمى تاتلىق قوغۇن-تاۋۇزلاردۇر. بۇ يەرنىڭ سېرىق توپىسىدىن ناھايىتى تېزلا كېسەك قىلغىلى بولىدۇ، بۇنى قۇياش نۇرىدا قۇرۇتقاندىن كېيىن، كۆچلۈكرەك بىرەر ئەر كىشى بولسىلا، بىر ھەپتە ئىچىدە بىر كىچىك ئۆي سالالايدۇ. پاختىنىڭ كۆپىنچىسى دەريا بويىدىكى پەس جايلارغا تېرىلىدۇ. قوي يۇڭلىرى بولسا، تاغ باغرىلىرىدا بېقىلىۋاتقان سانسىز قوي پادىلىرىدىن كېلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى گەرچە ئاددىي، بىر خىل بولسىمۇ، ئەمما كىچىك كەنتلەردە تۇرسا ئىنتايىن مەنىلىك. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىنتايىن ئوچۇق-يورۇق، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋي تۇرمۇشىدا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان نۇرغۇن تەرەپلەر بار. ئىسلام دىنىدا مۇنداق بىر ئاساسىي ئۇقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. بۇ خىل كۆز قاراش ئادەمگە بىر خىل ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەش غۇرۇرىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، تەبىئىي ھالدا بىر خىل قائىدە ئەھكاملارغا رىئايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.




قەشقەر شەھىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئادەتتە بىر كۈنلۈك تۇرمۇش تاڭ سەھەردىكى ئىككىنچى خوراز چىللىشى ۋە مەزىننىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن «ناماز ۋاقتى بولدى، ناماز ئوقۇغان ئۇخلىغاندىن ياخشى، ئاللاھ بىردۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ توۋلىغان ئەزەن ئاۋازىدىن باشلىنىدۇ. ئارقىدىنلا ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوچاقلارغا ئوت قالاپ ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلىق قىلسا، ئەرلەر دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. جىمجىت سەھەر ئاسمىنىنى كۆيۈۋاتقان يۇلغۇن ياغىچىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلاشقا باشلايدۇ.

ھەر كۈنى بەش ۋاق ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئاخىرقى قېتىملىقى (مۇسۇلمانلارنىڭ رەسمى يوسۇندىكى دۇئا-تىلاۋىتى) كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن باشقا ئىشلار بولمايدۇ. گەرچە سوفى مەزھىپى تەرغىباتچىلىرى بەلگىلىك ماھارەت بىلەن جىمجىتلىق ئىچىدە ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى غەم-غۇسسىلەرنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇغىلى ھەمدە روھى جەھەتتىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ تەلىم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالايدىغان قابىلىيىتىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھ ئۇلارغا نىسبەتەن ناھايىتى يىراقتەك: ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆزى ياراتقان ئەرزىمەس بىر ئادەمگە قانداقمۇ نەزىرى چۈشسۇن؟ ئادەم ياشاش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىش، ئىجتىمائىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارالايدىغان ئىخلاسمەنلىك ئىچىدىكى تۇرمۇشقا قانداقمۇ ئىگە بولالىسۇن؟ ناۋادا تۇرمۇش رەڭدار ۋە ئۆزگىرىشچان بولمىسا، بۇ باشقا ئىش. ئالى تېخى ياش، ئۇنىڭ ئايالى بولسا ئۆز نىسۋىسىگە شۈكرى قىلىپ ياشايدىغان ئايال. كەنتتىكى كىشىلەر بىرلىكتە ئەمگەك قىلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر چۆرىسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئەمما. شەھەردىكى تۇرمۇش بولسا باشقىچە. ئالىنىڭ شەھەردىكى دوستلىرى دائىم تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ياكى ياردەم سورايدۇ. ئۇلار بۇگۈن ھەسەت تۇيپەيلى ئاشۇ ئۆزىدىن باي قوشنىلىرىنىڭ ئۆز ئايالىنى ئېزىقتۇرۇۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئەتە چوقۇم ئاشۇ رىقابەتچى رەقىبلىرى بىلەن پىچاقلىشىپ، چوڭ چاتاقنى تېرىپ يۈرۈيدۇ.

ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان نامزاتنى بېكىتكەن ھامان، تۇغماس ئايالنى دەرھال يولغا سالىدۇ، ئوخشاشلا ئۇ ئايالمۇ كەلگۈسى يېتىپ كېلىدىغان ئاشۇ بەختسىز كۈن ئۈچۈن ئوغۇرلۇقچە ھازىرلىق كۆرىدۇ. پەقەت قولىغا كىرگۈزگىلى بولىدىغانلا نەرسە بولسا، تىقىشتۇرۇشقا تەييار تۇرىدۇ. ھەمدە كۆڭلىدە «قولۇمدا ئازراق ئېشىنچام بولسا، يېڭى ئەر

تېپىشمىغا ياردىمى بولىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. بەزى ئادەملەر ئىككى قورودا تۇرۇۋاتقان ئاياللىرىنى بېقىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ يۈرۈيدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا، بىر قورودىكى ئىككى خوتۇننى ئەپلەشتۈرەلمەي ئازابلىنىپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە ئېرىدىن ئاجراشقان ئانا ياكى قېيىن ئانىلار بولىدۇ، ئۇلار ھەممە ئىشلارغا چېپىلىدۇ، ئەسلىدىنلا مالىماتاك ئىشلار تېخىمۇ قالايمىقانلىشىدۇ.

ئاللاھقا رەھمەت! يېزىدىكى تۇرمۇش بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە تېنچ. ئەلۋەتتە ئاجرىشىدىغان ئىشلار يېزىلاردىمۇ بار، لېكىن ھېچبولمىغاندا بۇ يەردە نىكاھنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن، گاھىدا چاچلىرى تەك ئاقارغان بەختلىك مويسىپىتلارنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. لېكىن ئالى باشقا ئاللاھدە تۇرمۇش شەكىللىرىنى كۆرەلمەيدۇ. نىكاھ ئىنسان ھاياتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل كەچۈرمىش، ئىسلام دىنى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشىنى، زاھىدلىق يولىنى تۇتماسلىقنى شۇنداقلا زىنا قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گەرچە نىكاھنىڭ چەكلىمىسى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئادەم جىنسىي كېسەلنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، خېلى كۆپ قىسىم ئاياللار ھامىلدار بولۇپ، ئون ئاي توشماستىن بالىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بالىلىرى تۇغما مېيىپ بولۇپ تۇغۇلىدۇ. خۇددى يېزىدا كەڭ تارقالغان : «باشقىلار سىنى بىر يېتىمكەن دېسە، ئۇنۇتما ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق. ئاتا ۋە ئاناڭمۇ ئايرىلىپ كەتسە، بۇنىمۇ ئاللاھىم بېكىتكەن شۇنداق» دېگەن قوشاققا ئوخشاش بۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھېچقانداق چارە-ئامال بىلەن توسقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن بىچارە ئىگە-چاقىسىز بالىلارمۇ ھەم بار. مانا مۇشۇنداق ئاللاھ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پەردە تارتىلغان، ئەمما ئادەم ئاشۇ پەردىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مەڭگۈلۈك دۇنيانى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئالى ئاخىرى شەھەرگە كىرىپ بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئۇ شەھەردە دائىم دېگۈدەك مەسچىتكە بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرھلىرىنى ئاڭلاپ تۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياشانغان دادىسى بىلەن ئايالىنى يېزىدا قالدۇرۇپ، قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ يەردە ئۇ خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلىرىنى ئاشۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. ھەمدە ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، 1906-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئالى ھېلىقى گوللاندىيەلىك دىن تارقاتقۇچىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، روسسىيەلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ھەمدە ھەسرەت ئىچىدە ھېلىقى مەڭگۈ ياشاشقا ئىنتىلگۈچىنىڭ ئارزۇ-

ئارمانلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

بۇ ئىشلار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنى قوۋم دەرۋازا سىرتىدىكى دىن تارقاتقۇچى شۋېتسىيىلىكلەر تۇرىدىغان قورۇنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىر توپ كىشىلەر دوختۇرخانا يېنىدىكى تاختا كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار يىتىپ كەلگەن ئالى ۋە ئۇنىڭ دوستىنى كۆردى، ئارىدىكى بۇ يەرگە خېلى پىششىق بىرەيلەن ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن نەشرىيات ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە ھەرپ تىزغۇچىلار (نابورچىكلار) ئىشلەۋاتقان ئىكەن. ئالى خەت تونۇغاچقا، بۇ يەردە كۆرگەن نەرسىلەرگە بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى ئادەمگە ئەگىشىپ، ئاشۇ چەتئەللىكلەرنىڭ كەچلىك ئىبادەت مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىپلا قالماستىن ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى، قول ۋە پۇتىنى بىرلىكتە ئىشلىتىپ چالىدىغان فىسگارمۇن بىلەن تەڭكەش قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

بىر قېتىم ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ بىر يىغىلىشىغا باردى. بىر ئەر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئوقۇدى: «مەن سىلەرگە چىن كاپالەت بېرىمەنكى، بىزنىڭ يولىمىزدا ماڭساڭلار، ئۆلۈمنى مەڭگۈ كۆرمەيسىلەر (约翰福音8： 51) ».

ئۆلۈمنى مەڭگۈ كۆرمەيسىلەر! ئالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. يەنە شۇ ھېلىقى چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۆز. ئەمما بۇ قېتىم بۇ گەپنى دېگىنى ياش ھەم بەستلىك قىزىل بۆك كىيگەن بىرى ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇنبەرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە تارتىلغان لوزۇنكىدىكى مۇنۇ خەتلەرنى ئوقۇدى: «ھەقىقى ئىلاھڭنى تونۇ، ساڭا ئەۋەتىلگەن خرىستوس ئەيسانى تونۇ، مانا بۇ ئەبەدىيلىك. ( 约翰福音17： 3 ) ».

بۇ ناسارالار (قۇرئاندا خرىستىيانلارنى شۇنداق ئاتىغان) زادى نېمىگە ئىشىنىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ ئۇلارنى كۆپ خۇداغا، يەنە بىر ئايال ئىلاھقا ئىشىنىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار يىگانە ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، خرىستوس ئەيسا بولسا بىر پەيغەمبەر دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ قېپقېلىپ زادى نېمىلەرنىڭ دېيىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

بىر دىن تارقاتقۇچى ئۇنىڭ خەت تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ قايتىدىغان ۋاقتىتا ئۇنىڭغا بىر پارچە ئىنجىلنى بەردى. ئالى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، قايتا-قايتا ئوقۇدى. بىرەيلەن ئۇنىڭ بىر كىتابنى شۇنچىۋالا قېتىرقىنىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە كىتاپ ئىكەنلىكىنى سورىدى. «ئىنجىل (قۇرئاندا مۇقەددەس كىتابنى مۇشۇنداق دەپ ئاتايدۇ)» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئاھ خۇدا! ئۇنداق كىتابنى ئوقۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھېلىقى ئادەم شۇنداق دەپ توۋلىغانچە

ئۇنىڭ قولىدىن ھېلىقى كىتابنى ئېلىپ، ئۇنى ئوتقا تاشلىۋەتتى. «سەن مۇقەددەس كىتابقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟» دەپ سورىدى ئالى. لېكىن ھېلىقى ئادەم ئۇنى قارغىغانچە كېتىپ قالدى.

ئالى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى، ئۇ دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ ئىنجىلدىن يەنە بىرنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ بۇ كىتابنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ يۈرۈپ كۆردى. لېكىن، بىر قېتىم ئۇ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇغانلىرى ھەققىدە ئورتاقلاشماقچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى دوستى كىتابنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. ھەمدە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سەن بۇنى يەنە ئوقۇۋېرىدىغان بولساڭ، كاپىر (دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشى) غا ئايلىنىپ كېتىسەن» دېدى.

ئالى يەنىلا بەل قويۇۋەتمىدى، ئۇ كىتابتىن يەنە بىرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ تېخى يەكشەنبە كۈنلىرى ئوغۇرلۇقچە چېركاۋغا بېرىپ، ۋەز ئاڭلايدىغان بولىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئەسلىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ ۋاقىتتا ھېلىقى دىن تارقاتقۇچى ئاچقان دوختۇرخانا رېمونت قىلىنىۋاتاتتى. ئالى ئۇ يەرگە بېرىپ ۋاقىتلىق خىزمەت تاپتى. ھەمدە كۆڭلىدە: «كېسەل-ئاغرىقلارغا ياردەم قىلىش يامان ئىش ئەمەستۇ؟» دەپ ئويلىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەپسىلىي كۆزەتتى، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىششىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. دوختۇرخانا بىناسى رېمونت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالى ئۇ يەرگە يېقىن يەردىن بىر خىزمەت تاپتى. كۈنلەر ئۆتتۈۋەرگەنسىرى ئاشۇ شۇۋىتلارنىڭ خۇشال، ئىناق تۇرمۇشى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ دائىم دوستلىرى بىلەن بۇ ئىشلار ھەققىدە پاراڭ قىلىدىغان بولىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تىنچ، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئۆز-ئارا ئىشەنچ بار.  شۇڭلاشقا، ئېتىقاد جەريانىدا بىر-بىرىگە كىشىگە ئارام بېغىشلايدىغان تەسەللىي ۋە ئىلھاملارنى بېرەلەيدۇ. بۇ خىل كەيپىياتنى ئالى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

دوختۇرخانا جايلاشقان قۇم دەرۋازىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ قوشنىلار، بۇ شۇۋىتلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنغا مۇناسىپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلارچە بۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى خرىستىيان دىنى مۇرتلىرى بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە مۇسۇلمان دوستلارنىڭ ياخشى ئۆلگىسى ئىدى.

بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئالى بارا-بارا بۇ شۇۋىتلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىجىل ئىناق تۇرمۇشنى ساقلاپ، سەممىي ۋە شەخسىيەتسىز كىشىلەردىن بولالىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى

چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خرىستىيان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا بىردەك بويسۇناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ خرىستىيان دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشنى سىناپ بېقىشقا باشلىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئالايىتەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە شەھەردىن يەنە بىر خوتۇن ئالدى. يەنە بىر ئۆيى شەھەردە بولغاچ، يېزىدا تۇرۇۋاتقان ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىن خالى بولۇپلا قالماي، يەنە يېزىدىكى ئايالىنىڭ ئۇنىڭ خرىستىيان دىنىغا بۇنداق دوستانىلارچە مۇئامىلە قىلىشىغا بولغان نارازىلىقىدىنمۇ مۇستەسنا ئىدى.

تەخمىنەن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ گەرچە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغىنى ئۇ ھازىر يەنە ئۆزىنىڭ خرىستوسنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆز قەۋمداشلىرى تەرىپىدىن تاشلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق تەقدىرگە يۈزلىنىشنى كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن بۇمۇ ئۇنى كەينىگە ياندۇرالمىدى. ئۇ ئۆز قەلبىگە سادىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، باشقىلار كەمسىتىدىغان ناسارالارنىڭ سېپىگە باتۇرلۇق بىلەن قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى ئايالىدىن ئايرىلدى. ئەمما، بۇرۇنقى ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئۈزلۈكسىز تەمىنات ئەۋەتىپ تۇردى. كېيىن ئۇ چوقۇندۇرۇشنى (خرىستىيان دىنىدىكى بىر خىل مۇراسىم) قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىردىنبىر خرىستىيان مۆرتى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا قارار چىقارغان ئىدى. بۇ كىشىلەر گەرچە ياش قۇرامى، خاراكتېرى، ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەر چوقۇندۇرۇلۇپ ئەيسا مەسىھنىڭ مۆرتلىرىغا ئايلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ ئەرلىرى بىلەن بىرلىكتە چوقۇندۇرۇلدى، لېكىن ئالىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى.


那听起来很小，但在那些日子对任何在


他们混合了不同的人但主要是维吾尔人，是


想到这些人在长大一点之后


Misranim.com
母亲啊，您对我的爱在我的心里也是常青


Misranim.com
我想所有的宣教士应该要被宣教士


Misranim.com







يۇقىرقىلار ئەينى ۋاقىتتا خىرىستىيان مۇرتىغا ئايلانغان كىشىلەردۇر

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئالىنىڭ بۇ ئېتىقادىدىن يەنىلا خۇشال بولىدى. چۈنكى، ئۇ قوشۇلسىلا ئۆزىنىڭ ئايالىلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالالايتتى. بۇ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھورۇنلىشىشقا، ئائىلىسى بىلەن ئانچە كارى بولماس بولۇشقا باشلىدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە پۈتۈن ئائىلە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋال بىر نەچچە يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بۇ ئېرىنىڭ مۇشۇنداق چىدىغۇسىز شارائىتلار ئاستىدىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاخىر تەسىرلەندى. ئاخىرى ئۇمۇ چوقۇنىدۇرۇلۇپ، خىرىستىيان دىنىغا كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى.




ئالى بىر ئائىلە كىشىلىرى

## خىرىستىيان دىنى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى (1919-يىل)

تەبىئىيكى، ئالى ۋە باشقا خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر ئەتراپتىكى قوشنا-قولۇملارنىڭ دىققەت قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى شۇنى بايقىدىكى، بۇ خىرىستىيان مۇرتلىرى گەرچە قاتمۇ-قات قىيىنچىلىق ۋە قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇرۇنقىدىن يەنىلا خۇشال- خۇرام ياشاۋاتاتتى. تۇرمۇشتىكى مانا مۇشۇنداق ئەجابىي تەرەپلەرنىڭ نامايان بولۇشى بارا-بارا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ مايىللىقىنى كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ خىرىستىيان دىنى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئادىمى تېز سۈرەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. 1919-يىلدىن 1939-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرامىغا يەتكەن ساداقەتمەن مۇرتلار 200 دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئەگەر بۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، بۇ سەپكە قېتىلغانلارنىڭ سانى بەش يۈز نەچچىگە بارىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارمۇ 30 نەچچە ئادەمگە يەتكەن ئىدى.




قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى




يەركەندىكى دىن تارقىتىش پونكىتى




پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن




قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىنىڭ ھويلىسى

1928-يىلى قەشقەردە بىر قېتىملىق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋەقە يۈز بەردى. 26 ياشلىق يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ياش، ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ خرىستىيان دىنىغا

كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ دادىسى شىئە مەزھىپىدىكى ئاتىقى بار موللا ئىدى، ئۇ ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پاسپورتى بار ئىدى. گەرچە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن ئۇ ئائىلىسىنىڭ تەھدىتى ۋە بېسىمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار باشقا خىرىستىيان مۇرتلىرىغا قىلغاندەك ئۇنىڭغا ناچار مۇئامىلە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ چوقۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىگە يوھان دەپ ئىسىم قويدى.




دىن تارقاتقۇچىلار ۋە چوقۇندۇرۇلغانلار




دىن تارقاتقۇچىلار دالا سەيلىسىدە




بىر ئائىلە شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى




شۋېتلار تەرپىدىن بېقىۋېلىنغان بالا





ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتقان شۋېت ئايال




دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن شۋېتلار


ئۇ چاغدا ئۇ دىن تارقىتىش جەمىيىتىنىڭ باسمىخانىسىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار دىنىي كىتاب ماتېرىياللارنى بېسىش بىلەن بىرگە، ئەينى ۋاقىتتا بار بولغان ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىمۇ باساتتى. يەنە قەشقەرلىك سودىگەرلەر ئۈچۈن ھېسابات

دەپتىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلان باياناتلىرىنىمۇ بېسىپ بېرەتتى.




The Swedish printing-office in Kashghar.

قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى


The composing-room of the printing-office. From the Collection

باسمىخانىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار



The cutting-machine in operation. From the Collection of

شۇئت باسمىخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار



انجیل متّی


یعنی

خداوندیمیز عیسی مسیحنینک ینکی عهدینینک کتابیدین
یونانی تیلیدین کاشغر ترکیکا ترجمه قیلینیب

تفلیس شهریده نامیستیبکنینک باسماخانه‌سیده باسیلدی

میلاد مسیحنینک ۱۹۱۰ یسلیده

شۇئت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىنجىل




ئۇيغۇرچە ئېلىپبە كىتابى

بۇ ۋاقىتتا ئالى ئاللىقاچان ئوتتۇرا ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، قەشقەر دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەز ئېيتقۇچىسىغا ئايلانغان ئىدى. گەرچە بازار رەستىلەردە تاسادىپىي باشقىلارنىڭ قارشىلىقى ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە ئۇچرىغان، ھەتتا خەتەرلىك تەھدىتلەرگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىللىق مۇئامىلىلىك، خۇش پېئىللىق ئادەم يەنىلا يېقىن دوستلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالى ئىسمى-جىسمىغا لايىق مېھرىبان ۋەز ئېيتقۇچى ئىدى. يەكشەنبە كۈنلۈك ئىبادەت مەزگىلىدە، چېركاۋغا قىزىقىپ ۋە ھەۋەس قىلىپ كېلىدىغانلار رەسمىي خىرىستىيان مۇرتلىرىدىن كۆپ بولاتتى. ئۇ دائىم ئىنجىلدىكى «ئاداشقان بالىنىڭ يامان يولدىن قايتىشى» دېگەن ھېكايىنى سۆزلىگەندە، ھېلىقى ئۇچىسىغا يوللۇق يېپەك تون، بېشىغا ئاق بۆك، پۇتىغا ئۇزۇن ئۆتۈك كىيىۋالغان سالاپەتلىك ياشنىڭ ناھايىتى تەمبەل بىر ئاتنى مىنىپ، سۈر ھەيۋە بىلەن دادىسىنىڭ ئۆيىدىن قانداق ئايرىلغانلىقىنى ئىنتايىن جانلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئۇلار ئالىنىڭ ئاشۇ جانلىق تەپسىرلەشلىرىدىن، ھېلىقى بالىنىڭ كاپىرلار ئۇچۇن چوشقا بېقىپ بېرىدىغان پەسكەش ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۆزىگە ئۆملەپ قايتقانلىقى، تېجەمەللىكتە قەشقەر كوچىلىرىدىكى

قەلەندەرگىمۇ يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەڭ ئاخىردا دادىسىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا قارشى ئالغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرۈۋالالايتتى.

روجىستىۋا بايرىمى ئەتىگەنلىكىدىكى يىغىلىشتا ھامان ئىككى-ئۈچ يۈز ئادەم توپلىناتتى. ئادەتتە باللار ۋەز مۇنبىرىنى قورشاپ بىنەپشە قىزىل رەڭلىك گىلەم ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ۋەز مۇنبىرى تاغدىن تۆگىگە ئارتىپ ئەكىلىنگەن ئىككى تۈپ يوغان قارىغاي ياغىچىدىن ياسىلىپ، ئۈستىگە ئاق شاملار توشقۇچە تىزىلاتتى. شۇنىڭسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ئاچقان خەنزۇ مەكتەپتىكى باللار قورو ئىچىنى رەتمۇ-رەت رەڭگارەڭ گۈللۈك پانۇسلار بىلەن توشقۇزىۋەتەتتى. باسمىخانىدىكى ئىشچىلار ۋە ئۇيغۇر مەكتەپتىكى باللار بىر مەدھىيە ئوقۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىپ، روژدېستوۋ ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. بارلىق قوشنىلار بۇ يەرگە كېلىپ خرىستوسقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئاڭلايتتى ھەمدە خرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ بايرام خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمان بولاتتى. ئۇيغۇر مەكتەپتە مۇھەممەد ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى قورۇسىنىڭ يېنىدىكى ماشىنا ئەترىتى سارىيى ئىچىدە ئىدى. دادىسىنىڭ ئىسمى تۇختى ئاخۇن بولۇپ، ياغاچچىلىق قىلاتتى. مۇھەممەد ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ سىڭلىسى ھاۋا تۆت ياشتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. دادىسى بىر خەنزۇ ئەپيۇن سودىگىرىگە قەرز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن تۇختى ئاخۇن تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. شۇ كۈنى كەچتە بۇ ئىككى بالا دىن تارقاتقۇچىلاردىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ئۇلار قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇلارنى قەرز ھېسابىدا ئېلىپ كېتىشىدىن، مۇھەممەدنى چاكار قىلىپ، چىرايلىق سىڭلىسى ھاۋانى باشقا خەنزۇ ئائىلىسىگە سېتىۋېتىشىدىن قورقاتتى. مۇھەممەد: «مەن قېچىپ كېتەلەيمەن، ئەمما، ئۇلار ھاۋانى كىچىك خوتۇنلۇققا سېتىۋېتىدۇ. ئۇنى ئېلىپ كەتتىمۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەنىدى.



مىسسىئونېرلار بۇ خەنزۇ خوجايىنغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، توختى ئاخۇننىڭ دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىغا كۆپ قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى، بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ تەربىيەلىنىۋاتقىنى، بۇ يەردە ھەر كۈنى بىر ۋاق تاماق يەۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانلىقىنى شۇڭلاشقا دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىدا قېلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ خوجايىن ئەپيۇن سودىسى قىلىدىغان بولغاچقا، ئىشنى سوتقا بېرىپ ھەل قىلىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى بالا تاكى بۇ بوران ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر مەكتەپنىڭ ياتىقىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەركەندىكى دارىلئېتامغا يۆتكەلدى ھەم شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

1926-يىلى 12 ياشقا كىرگەن مۇھەممەد خېلىلا مەزمۇت بىر يىگىتكە ئايلاندى. ئۇ پۇتبولنى خېلى ياخشى ئوينايتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ياش چوڭ بالىلارمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەركەن ناھىيە شەھەر ئىچىگە ئۈچ ئىنگلىز مىللىي كېلىدىغان بىر يېزىغا كۆچۈرۈلدى. ئۇ ئۇ يەردە 20نەچچە ئوغۇل بالا بىر ئوغۇللار ئائىلىسى (بۇ مىسسىئونېرلار ئاچقان بىر دارىلئېتام ئىدى) دە تۇراتتى. لېكىن ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى يەكەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى دىنىي يىغىلىشقا قاتناشقىلى باراتتى. چۈشتىن كېيىن سىڭلىسى ھاۋاغا ھەمراھ بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ھاۋا ئاندېرسىن خانىم باشقۇرۇۋاتقان قىزلار ئائىلىسىدە تۇراتتى. بىر كۈنى مۇھەممەد سىڭلىسىنىڭ ئاپىسىنى ئەسلەپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدى، ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ «يىغلىما، سەن بىزنىڭ مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىسەن» دېدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا غەرب دۆلەتلىرىدە قىزلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى، لېكىن ئۇيغۇرلاردا، ھەتتا پۇلى بار ھاللىق ئائىلىلەردىمۇ قىزلارنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى ناھايىتى تەس ئىدى. قىزلار ئائىلىسىدىكى بۇ يىگىرمە بەش قىز مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئائىلە باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ياخشى تەربىيەلىنەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنى باشقىلار ئوڭايلا ياقتۇرۇپ قالاتتى. ئون بەش ياشقا توشىشى بىلەنلا باشقىلار ئۇلارنى سوراپ كېلىشكە باشلايتتى. (ئون بەش ياشقا توشمىسا، ئاندېرسىن خانىم ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمايتتى) .

مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى چېچەن ۋە ئەقىللىق بولۇپ، مەكتەپتىكى ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. مۇھەممەد قۇشلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كاككۇكنىڭ قانداق قىلىپ باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇخۇم تۇغۇدىغانلىقىنى ئۆگەنگەن مەزگىلدىكى ھاياجانلانغان تۇرقىنى كۆرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ۋاقىتتا

قۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇ ئوقۇغۇدەك ئۇيغۇرچە كىتاب ياكى ژورناللار يوق ئىدى. ئۆزىمۇ مەخسۇس بۇ ھادىسىنى كۆزۈتۈپ باقمىدى، پەقەت مەكتەپتە مۇئەللىمىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ بىلدى، خالاس.

مۇھەممەد 17 ياشقا كىرگەن يىلى يۈسۈپمۇ قەشقەردىن يەركەنگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا دىنىي ئۇيۇشما گۈللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، دىن تارقىتىش پونكىتىدا خىزمەت قىلىدىغان ياشلار ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ چوقۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇ چوقۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسمىنى ھابىلغا ئۆزگەرتتى. يۈسۈپ ۋە ھابىلنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، بۇ بىر توپ ياشلارنىڭ ئىنجىلنى قۇرداشلىرى ئارىسىغا تارقىتىشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

ئۇلارنىڭ ئاددەتتىكى تۇرمۇشتىكى سەممىيلىكى، مېھرىبانلىقى، پاك-مەسۇملۇكى ۋە ئەخلاقى ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمان دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

1931-يىلى شىنجاڭدا زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىش-مىش گەپلەر تارقىلىپ، ھەممە ئاددەمنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. 1932-يىلى ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. شىمالىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق ئىدارە قىلىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. يەنە ئىچكىرىدىن زور كۆلەمدە مۇسۇلمانلار كىرىپ كەلدى (ماجۇڭيىڭ باشلاپ كەلگەن تۇڭگانلار بولسا كېرەك. كېيىن كىشىلەر بۇنى ياپونىيەنىڭ پىلانلىشى ۋە ياردەم بېرىشىدىن بولغان دەپ گۇمان قىلىشتى) . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەندە بىر مۇسۇلمان مەزھىپىنىڭ ئېسيانىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى (مۇھەممەد ئىمىن باشچىلىقىدا خوتەن قارقاشتا كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭنى كۆرسىتىدۇ-تەرجىماندىن) . شۇ ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدا مۇنداق ئەپقاچتى گەپلەر تارقالغان: خوتەن ھەم نۇرغۇن قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان مۇسۇلمانلار ھەم ئەقىللىق ئاددەملەر ئىنتايىن كۆپ جاي. ئۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار ئاتلىق ۋە پىيادە چىقىپ، غەرىپكە يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا سۇر-توقاي يۈرگۈزۈپ، بارغان ھەر بىر يېزا-كەنتتىكى بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن، ئۇچرىغان بارلىق خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئۇرۇش غەنىمەت قاتارىدا ئېلىپ كەتكەن. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ئاساسلىقى بۇتقا چوقۇنىدىغان خەنزۇلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار قىلچە رەھىم قىلماستىن، بىرى ئۇچرىسا بىرىنى، يۈزى ئۇچرىسا يۈزىنى قىرىپ تاشلىغان، بىرىنىمۇ ئاشۇرۇپ قويمىغان. (بۇ ھەقتە تارىخى ماتېرىياللاردا ھېچقانداق تارىخى پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئاپتور بەلكىم كوچىدىكى مىش-مىش پاراڭلارنى ماقالىغا ھەقىقىي ۋەقە سۈپىتىدە قىستۇرغان

بولىشى مۇمكىن، چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا قارىقاشتىكى ئېبىسيانچىلار جىن شۇرىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئاپتور بۇددا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنى مەجبۇرى قىستۇرۇپ قويغان، تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇ ۋاقىتتا خوتەن تەرەپلەردە ئۇنچىۋالا كۆپ خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ بولىشى ناتايىن. چۈنكى، لىۋ جىشاۋ ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، شۇ ۋاقىتتا جىن شۇرۇنىڭ خوتەندە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 500 ئەتراپىدا ئىكەن«ئۇيغۇر تارىخى ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاپ 1209-بەت» - تەرجىماندىن)

1933-يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت يەركەندىكى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇش ھوقۇقىنىڭ جوڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شىۋىتسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن بولغانلىقىنى ناۋادا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تۇرۇش ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئۇقتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئاندىرسىن خانىم يوق ئىدى. دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى بارلىق ئايال مىسسىئونىرلارنى قەشقەرگە يۆتكەشنى قارار قىلدى. ئەمما، ئۇلار خوشلىشىپ مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداقلا ئاشۇ قىزلارنى يەركەندىكى قىزلار ئائىلىسىدە تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇلار بىرەر يېزىغا كۆچۈشنى ئويلاشتى. بەختكە قارشى بۇ ۋاقىتتا بىرەر بىخەتەر يېزىمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر مۇۋاپىق ئۆي تاپقان تەغدىردىمۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ تۇرۇشىغا يول قويالمايتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تاغدىكى قىزغىزلارنىڭمۇ ئېبىسيانچىلار توپىغا قېتىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالدى. بۇنداق بولغاندا، تاغدىكى بىرەر يېزىغان چىقىپ پاناھلىنىپ تۇرۇشتىنمۇ ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان ئىدى.

قىزلار ئائىلىسىدە تۇرۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى قارا يېتىم، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلىرى ئاجرىشىپ كېتىپ قايتا توي قىلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگەي دادا ۋە ئۆگەي ئانىلىرى ئۇلارنى قوبۇل قىلمايتتى. بۇ قىزلار ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇلغان ھامان، 12 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا، چوقۇم ياتلىق قىلىنىشى ئېنىق ئىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قىزلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئېپيتىنى قوغداپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى ئوغۇل مۇرتلار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان ئىدى، ئوغۇللار قىزلارنىڭ بۇ مۇستەھكەم ئىشىك دېرىزىلىك قىزلار ئائىلىسىدە تۇرۇشى دائىم يەرلىك باندىتلار كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرىدىغان يېزىلاردا تۇرغىنىدىن كۆپ بىخەتەر دەپ ھېسابلايتتى. ئىلگىرىمۇ

ئۇرۇش پارتلايدىكەن، دېگەن مىش-مىش گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ئەمما ھېچ ئىش يۈز بەرمەيتتى. شۇڭلاشقا يەركەندىكى دىن تارقاتقۇچىلار بۇ قېتىمقى ئېسىيانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېزراق ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئامان ئېسەن قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، بەختكە قارشى، 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى خوتەندىكى ئېسىيانچىلار ئارمىيىسى ئۈچ ئاكا-ئۇكىنىڭ (مۇھەممەد ئىمىن، ئابدۇللا، نۇرمۇھەممەدلەر بولۇپ، خوتەن قارىقاشتىن. ئەمەلىيەتتە يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئابدۇللا رەھبەرلىك قىلغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى لىيۇ جىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاب 1205-بەتتىن 1211-بەتكىچە بولغان مەزمۇنلارغا قارالسۇن. -تەرجىماندىن) . رەھبەرلىكىدە يەركەندىكى كونا شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بىر نەچچە ئىستىھكامنى ئىگەللىدى. ئەمىر ئابدۇللا (ئۇ ئۆزىنى كېيىن شاھ مەنسۇر دەپ ئاتىغان-تەرجىماندىن) يەركەننىڭ باش قوماندانى بولدى. يەركەن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قاتار كەسكىن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇلار بىر نەچچە يۈز خەنزۇنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى ئېلىپ كەتتى (بۇ بىر جۈملە بايانغا ماقالە ئاپتورىنىڭ ھېسسى قاراشلىرى سىڭىپ قالغان بولىشى ئېھتىمال. چۈنكى، مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق يىپ ئۇچى قالدۇرۇلمىغان-تەرجىماندىن). بۇ ئېسىيانچىلار قوشۇنى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى شەھەرلەردىكى قاتمۇ-قات توساقلاردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى قەشقەردىكى مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىگە ئايلانغان ھابىلنىڭ دەل يەركەنگە قايتىپ سىڭلىسىنى يوقلاپ كەلگەن ۋاقتى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يۈسۈپمۇ يەكەندە ئىدى. ھابىل 19 ياشتا، ھاۋۋا 13 ياشتا ئىدى.




مۇھەممەد (ھابىل) ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ھاۋا

مۇناسىۋەتلىك سىن ھۆججىتى:

http://v. youku. com/v- show/id- XNDExODYzNTYw. html

## بىرىنچى قېتىملىق مەجبۇرلىنىش (1933-يىلى)

1933-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئابدۇللا بەگ يەركەندىكى دىن تارقىتىش نۇقتىسىنىڭ مەسئۇلى ئىمرىست رون ئەپەندىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بارلىق زەھەرلىك دورىلارنىڭ ئۇنىڭغا بېرىشىنى تەلەپ قىلىدى. بىر قىسىم ئەسكەرلەر ۋە بىر نەچچە ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ باشچىلىرى ئېمرىست رون ئەپەندىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەمىر ئىزچىل ھالدا بۇ مېھمانلارنىڭ قوبۇل قىلىشىنى رەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىككى ھىندىستانلىق بۇ ئۈچ ئەر دىن تارقاتقۇچىغا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن رەسمىيەت خاراكتېرلىك ئۇچرىشىپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. ئىمرىست رون ئەپەندى ۋە ئوغۇللار ئائىلىسىگە

مەسئۇل ئارىئېلى ئەپەندىم يەنە شۇنىتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشما ئىشلىرىغا مەسئۇل ھېرمان ئەپەندى بىرلىكتە ئەمىر بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تۇرىدىغان قورودا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى. بىرەيلەن ئۇلاردىن بارلىق دورا رېسىتپلىرىنى يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ ئۆزى ئۇلار تۇرغان يەرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرگەن ۋاقىتتا قولياغلىق بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋالغان بولۇپ، بۇنداق قىلىشى ئۇلار تۇرغان ئۆينىڭ ئاللىقاچان خرىستىيان مۇرتلىرى تەرىپىدىن بۇلغانغان، دەپ قارىشىدىن بولغان ئىدى. ئۇ ئېغىز ئېچىپ ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى: «سىلەر بۇ زەھەرلىك دورىلار بىلەن مەن ۋە مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمنى قەستلىمەكچىمۇ؟» ئارقىدىن ئۇلارپلا ئۇ قەھىرلىك ئاھاڭدا: «بىزنىڭ قانۇنىمىز بويىچە، سىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. چۈنكى سىلەر ئاللىقاچان بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ۋەيران قىلدىڭلار! ئۇلارنى باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئىمرىست رون ئەپەندى ئەڭ ئىچىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇنى تۇنجى بولۇپ باغلاشتى. رەھىمسىز ئەمىر ئۇنى كۆچەپ بىرنى ئىتتىرىۋەتتى. ھەربىي فورما كىيگەن بىر پەي قۇراللىق كىشىلەر ھويلىغا چاقىرىلدى. ئۇلار بۇ ئۈچ دىن تارقاتقۇچىنى بېسىپ باغلىدى ھەمدە ئۇلارنى شۇ زامات ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەمىر قىلىچىنى چىقىرىپ ئىمرىست رون ئەپەندىنى چاپاي دەپ تەمشىلىۋاتقان شۇ پەيىتتە، نەق مەيداندىكى ھىندىستانلىق سودىگەر ئالدىغا چىقىپ ئەمىردىن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى ھەمدە قىلىچ بىلەن چېپىلىپ يارىلاندۇرۇلغىلى قىل قالدى. بىر دەم يالۋۇرۇپ ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئەمىر ئاخىرى بۇيرۇقنى كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ، ھويلىنىڭ ئوخشىمىغان بۇلۇڭلىرىغا باغلاپ قويۇلدى. ملتىقنى ھەر ۋاقىت ئېتىشقا تەييار قىلىپ بەتلەپ قويدى. بىر ئەسكەر قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ زورور ۋاقىتتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە تەييار ھالەتتە بىر چەتتە تۇردى. ئەمما، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرى بوشىتىلىپ، ھېلىقى ھىندىستانلىقنىڭ ئۆيىگە قاماپ، قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى لازىملىقى بۇيرۇلدى.

دىن تارقىتىش پونكىتىدىكى ئۈچ دىن تارقاتقۇچى ئەمىر بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەن ۋاقىتتا، ھابىل ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. مەمەت بۇ ۋاقىتتا ئاشخانىدا ئىش قىلىۋاتاتتى.

ھابىل ئۈنىڭدىن - ئاكا، قارا مەن سېنىڭ كىيىمىڭنى كىيىۋالدىم، قانداق بوپتۇ؟ - دەپ سورىدى.

- كىيىۋەرگىن، ھېچقىسى يوق،- دېدى مەمەتمۇ.

- مەن كىيسەم راستىنلا كۆڭلۈڭگە ئالامسەن؟

- ئالمايمەن.

ئانىدىن هابىل كېسەك تامغا بىر كىرىست بەلگىسىنى سىزدى، هەمىدە مەمەتتىن- كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- كۆردۇم - دېدى مەمەت جاۋابەن.

هابىل ئارقىدىن ئۇلاپلا يەنە بىر تاج سىزدى. هەمدە مەمەتكە قاراپ - كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. «كۆردۇم» دېدى مەمەت.

ئەڭ ئاخىردا هابىل - قارا، ئاۋال كىرىست بولسا، ئاندىن كېيىن تاجمۇ بولىدۇ - دېدى.

بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپمۇ كەلدى. ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىك باردەك، كۆڭلىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. يۈسۈپ، هابىل ۋە مەمەتلەر ئايال دىن تارقاتقۇچىلارنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇلار بىرلىكتە ئىبادەت قىلىشتى. هابىل يىغلاپ تۇرۇپ، قۇتقازغۇچىدىن خۇددى ئىنجىلدىكى ستىفانغا ئوخشاش ئۆزىگە غەيرەت ۋە كۈچ ئاتا قىلىشىنى تىلىدى. يۈسۈپ قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت بالا ئوغۇللار ئائىلىسىدىن شەهەرگە نەرسە-كېرەك ئالغىلى كىرگەن بولۇپ، ئۇلار بازاردىكى ئەهۋالنىڭ ئانچە خەيرلىك ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ئالاقزادە بولغىنىچە دىن تارقىتىش پونكىتىغا كېلىپ، زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ هەممىسى مېهمانخانىغا يىغىلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتى. هابىل ئېغىز گارمۇننى چالدى. يۈسۈپ بىلەن رۇي دان خېنىم «سەۋرچانلىق بىلەن قەلبىڭنى مۇستەهكەملە» دېگەن مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتتى. يۈسۈپ ئىنجىلدىكى پەرىشتىلەرنىڭ پېترنى تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى هەققىدىكى بۆلىكىنى ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئىبادەت قىلىشتى. تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ قاتتىق هەم جىددىي ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. يۈسۈپ سىرتقا چىقىپ، ئەهۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىدى. هەمدە ئارقىغا يۈگۈرگىنىچە «دەرهال قېچىڭلار، ئۇلار سىلەرنى تۇتقىلى كەلدى» دەپ ۋاقىرىدى. لېكىن ئەسكەرلەر قورۇنى قورشاپ بولغان بولۇپ، پەقەت بىر ئوغۇل باللا قېچىپ يوشۇرۇنالىدى. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، تۇتۇلغانلارنىڭ هەممىسى چوڭ دەرۋازىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۈچ ئايال دىن تارقاتقۇچى ئاختۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار هابىلغا قاراپ «سەن مۇشۇ دىن تارقىتىش پونكىتىنىڭ ئادىمىمۇ؟» دەپ سورىدى. «شۇنداق» دېدى هابىل. بىر ئوفىستىر «ئۇنى باغلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن هابىل «مېنى باغلىساڭلار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. هەمدە، تۇيۇقسىز يېنىدىن هېرمان ئەپەندى بەرگەن

قەلەمنى چىقىرىپ، رۇي دان خېنىمغا بەردى.

## هابىلنىڭ مەسلەك يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشى




ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇنقى هابىل

بارلىق قىزلار ئېلىپ كېتىلدى، ئەمما ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۈچ ئايال دىن تارقاتقۇچى قويۇپ بېرىلدى. لېكىن، ئەسكەرلەر ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئەتراپنى بىر نەچچە كۈن قامال قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار بۇ هاقارەتلەرگە چىداشقا، نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا، قالغان تۇتۇلغان كىشىلەر باغلىنىپ، شەهەرگە ئېلىپ كىرىلدى ھەمدە ئەقلى هوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغان ئەمىر بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى. ئەمىر دەسلەپ ئۇلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئاتا-ئانىسى ۋە يۇرتى قاتارلىقلارنى سورىدى. ئۇ بۇنىڭدىن يوسۇپنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىكى تەۋەلىكىدە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان هابىلنىڭ بولسا جوڭگو تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئۇلارنى بېشىغا زەردە بىلەن ئۇردى. ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇشنى، ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى. ئۇ ۋارقىراش بىلەن بىر ۋاقىتتا يېنىدىكى ئەسكەرگە توپ ئىچىدىن هابىلنى تارتىپ ئەچىقىپ يەنە بىر تەرەپكە ئېلىپ بېرىشنى ئىشارەت قىلدى. هابىل تىزلىنىپ كۆككە باقتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى قەدىمكى دەۋردىكى مەسلەك يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەشۇ

كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ خۇددى دوستلىرى بىلەن خوشلاشقاندەك، ئۇلارغا بىرمۇ-بىر قاراپ چىقتى. «ئات!» دېگەن بۇيرۇق ئاڭلىنىشى بىلەنلا، هابىل يەرگە يىقىلدى. مەمەتنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئەسكەر مەمەتنى بىرنى نوقۇپ تۇرۇپ «كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. «كۆردۈم» دېدى مەمەت. هابىل تېخىچە يەردە تىپىرلاپ تۇراتتى. ئەمىر «قىلىچىڭ بىلەن ئۇنى ئۇ دۇنياغا يولغا سال» دەپ بۇيرۇق قىلدى. كەينىدىنلا ئۇلار ئارىدىكى ئۇچ ئوغۇل بالا تاكى «بىزنى مۇنداق ئازابلىغۇچە، ئېتىپ تاشلاڭلار» دەپ ۋارقىرغانغا قەدەر تۇتقۇنلارنى هاقارەت قىلىش ۋە خورلاشنى توختاتمىدى. ئەمىر ئۇلاردىن ئاچچىقنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قاماپ قويۇشنى، هابىلنىڭ جەسىتىنى سىرتقا تاشلاپ ئىتلارغا يەم قىلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، هابىلنىڭ جەسىتىگە ئۇچ كۈنگىچە هېچنەرسە چېقىلمىدى. بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك مۇسۇلمانلار ئۇنى ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇشتى. چۈنكى، ئۇلار بۇمۇ ئاللاهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قالغان خىرىستىيان مۆرتلىرى تۈرمىدە قاتتىق قىيىن قىستاق ۋە ئازابلاشلارغا ئۇچرىدى. يۈسۈپ ئېغىر ئىشكەل بىلەن باغلاندى. ئۇلار ئۈنىڭغا كىرىستقا مىخلانغان ئەيسانى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر هەپتىدىن كېيىن كىرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.



شۇيتلارنىڭ هابىلغا ئاتاپ يازغان كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن سۈرىتى

## تۆنسانىڭ ھېكايىسى




تۆنسا شۋىت ئايال بىلەن بىرگە

ئوغۇللار ئائىلىسىدىكى باللار يەركەن ناھىيىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر ھويلىغا، قىزلار بولسا، ئۇدۇل ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېتىلدى. تۆنسا قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق ھېسابلىناتتى. تۆنسا ئەسلەپ مۇنۇلارنى بايان قىلدى «دىن تارقاتقۇچىلار ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، پەقەت بىزلا قالدۇق (ئۇيغۇر مۇرتلارنى دېمەكچى) . ھەممىمىز بەك قورقۇپ كەتتۇق، بىز ئۇلارنىڭ (دىن تارقاتقۇچىلار) بىزدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۇق. بىزنى بولسا ئۇلار قاماپ قويدى. بىز پۈتۈنلەي دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇ ۋاقىتتا بىز بارلىق كۈچ-مادارىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، ھەممىمىز يەردە يېتىپ يىغلاشتۇق. تۈيۇقسىز بىر ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى، بىزنىڭ بىر يەرگە توپلىشىۋالغىنىمىزنى كۆرۈپ، بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ خۇددى ئىتتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرگەندەك، ھەم قاتتىق ھەم كۆكىرىپ كەتكەن ناننى «ئېلىشە، يېيىشە» دەپ تاشلاپ بەردى. بىز ئەينى ۋاقىتتا ھەم بىئارام بولدۇق ھەم قورقتۇق. بىزنىڭ بىرەر نەرسە يېگۈدەك ھەپسىلىمىز يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى قۇبۇل قىلماسلىقىمۇ ئامالىمىز يوق ئىدى. ئۇ ئادەم بىزنىڭ تىترىگەن ھالدا ناننى قولىمىزغا ئېلىپ، يېيەلمەي تۇرغان تۇرقىمىزنى كۆرۈپ، بىر ئاز ئىچى ئاغرىدى بولغاي، چىقىپ كېتىپ، بىزگە يېڭى

يېقىلغان ناندىن بەشنى ئەكىرىپ بەردى. كېيىن بىز ئۇنىڭ بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ مەمەتجان ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ ۋاقىتتا بىز سېپىل ئىچىدىكى تۈرمە بىلەن قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ ياتىقى ئارىلىقىدىكى بىر ئۆيگە قامالغان ئىدۇق. ئەسكەرلەر بىزگە يېقىنلا جايدىكى بىر ئۆيدە ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئەمىر تۇرىدىغان ئۆي ئىدى. مەيلى ئەسكەرلەر ياكى جىنايەتچىلەر بولسۇن ئەمىر تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشتى، ياشتا كىچىكرەك باللار ئۇگدەپ ئۇخلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۆي ئىچىدە باللار ياتقۇدەك بىر يەر يوق ئىدى. ئەسكەرلەرمۇ ئاشۇ زەيكەش توپا يەرگە بىرەر نەرسىنى سېلىشىمىزغا يول قويمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. لېكىن ياشتا چوڭراق بىر نەچچىمىز قەتئىي ئۇخلىيالمىدۇق، بىز ئېسىمىزدە قالغان مەدھىيە ناخشىلىرىنى غىڭشىپ، ئىلاھتىن بىزگە ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۇق. پەقەت مۇشۇنداق قىلىشلا بىزگە ئەڭ زور تەسەللى بولاتتى. يېرىم كېچىدە بىر ئەر كىشى قۇلۇپنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدا قىلىچىنى تۇتقان پېتى «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىڭنى تۈزەشتۈرۈش، ئەمىر ھەر قايسىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى» دېدى. بىز ئامال بار تېزرەك ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشتۇق، كۆڭلىمىزدە يىغلاپ تۇرۇپ ئىلاھتىن ياردەم تەلەپ قىلدۇق. چۈنكى، بىز كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكلىرىمىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتۇق. بۇ ۋاقىتتا يەنە ئىككى ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. بىرسى قولتۇقىغا بىر كىتابنى قىستۇرۇۋالغان، يەنە بىرسى يېنىغا قىلىچ ۋە تاپانچا ئاسقان ئىدى. ئۇ قىلىچىنى چىقىرىپ بىر تەرەپتىن كۆز ئالدىمىزدا پۇلاڭلاتقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن ۋالاقلاپ ۋەز ئېيتتى. ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ ئىسلاملا ئىكەنلىكى يەنە كېلىپ ھەر قانداق ئەپسانە سۆز بىلەن خىرىستىيان دىنىنى سۆيەتلىسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلغان بولمايدىغانلىقى، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ بولسا ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلدى. بىر مەزگىللىك ۋەزدىن كېيىن، ئۇ بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قۇرئانچە خەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ئەگىشىپ بۇ خەتلەرنى ئوقۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ خەتلەر ئەرەپچە بولغاچقا، ئۇنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى بىز بىلمىدۇق. بىز ئۇنىڭدىن مەنىسىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ بىزگە «بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت توغرا ئوقۇساڭلا بولىدۇ، پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئۆگەنسەڭلا، تەڭداشسىز ئاللاھ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلايدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىزنى بەك ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، مەكتەپتە (شۇ ۋاقىتلار ئاچقان مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ) نېمىنى ئۆگەنسەك، مۇئەللىم ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلگىنىمىزگە قەدەر تەپسىلىي

چۈشەندۈرەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ بىزدىن «قايسىڭلار خىرىستىيان مۇرتى؟» دەپ سورىدى. ئالتە قىز بالا ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئىنجىلدىكى بىر قىسىم تېكىستلەرنى ئەمدىلا ئوقۇشقا باشلىغان ئىدۇق. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، يېقىندىلا چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلغان ئۇچىمىز (ئايىم، رەيھان، تۇنسا) ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەن باشقىلارغا جىم ئولتۇرۇپ قوپماسلىققا ئىشارەت قىلغاچ، يېنىمدىكى رەيھانغا پەس ئاۋازدا «ئۇلارنىڭ ئازاب چېكىشىنىڭ هاجىتى يوق، بارلىق ئىشلارنى بىزلا ئۇستىمىزگە ئالايلى، دېدىم. شۇنداق قىلىپ بىز ئۈچەيلەن ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتتۇق. بىزنىڭ بىچارە ئانىمىز (تۇنسانىڭ ئانىسى) ئەسلىدە بىز بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ چىقىشقا پېتىنالماي، باللار بىلەن بىر چەتتە قالدى. ئۇ بىزگە بىر خىل ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن تىكىلدى. شۇنىڭ بىلەن هېلىقى ئەرنىڭ بىزنى تەهدىت سېلىش ۋە هاقارەت قىلىشى يەنە باشلاندى. ئۇ بىزنى «كاپىر، ئىت، يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەينەت چوشقا، قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىنى تۆككەن مەلئۇن» دەپ تىللىدى هەم قارغىدى.





تۇنسا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى




1932-يىلىدىكى تۇنسا




شۋىتسىيەگە چىققاندىن كېيىن چۈشكەن سۈرىتى



تۆنسانىڭ شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىغا يازغان خېتى

ئەڭ ئاخىردا ئۇ بىزدىن :يېقىندا چوقۇندۇرۇلغان ياكى بالا ۋاقتىمىزدىلا چوقۇندۇرۇلغانلىقىمىزنى سورىدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ بىزنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە «ھازىر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بۇ بەدئەت يولىدىن قايتىپ، كىچىك ۋاقتىڭلاردا قوبۇل قىلغان ئېتىقادىڭلارغا قايتىشىڭلار كېرەك. ئەسلىدە سىلەر دەسلەپتىلا ئۇ ئېتىقادىڭلاردىن تانماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى» دېدى. بىز جاۋاب بەرمىدۇق. «نېمە دېگەن نادان باللار-ھە، ئەجىبا، بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابىنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ بۇ يەردە مىكى-مىكى گەپلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئۇ بۇلارنى دەۋاتقاندا مەن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ قالدىم. چۈشۈمدە مەن قۇتقازغۇچىنى كۆرگەن ئىدىم. بىز ئۆيدىن ئەستىن جىم تۇردۇق، كاللىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئوي-پىكىرلەر لىپ-لىپ قىلىپ چاقناشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنى بىقىپ چوڭ قىلغان تاغا-ھەدىلەرنىڭ دائىم بىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغانلىقى، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ئىلاھ ئۈچۈن دەلىل بولالىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ بۇنىڭغا مايىل بولۇپ، ئاشۇنداقلاردىن بولۇشقا تىلاۋەت قىلمىدۇقمۇ؟

ئاخىردا ھېلىقى ئەر كىشى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا «دەرھال ئېيت، قۇلىقىڭ ۋە تىلىڭ بولمىسا ئۇ باشقا گەپ» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ، بىرەر تەلۋىلىكنى قىلىپ تاشلايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا «بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا خائىنلىق

قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قىلمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. «ئېتىقاد! ساڭا ئوخشاش ئادەملەردە ئېتىقاد بارمۇ؟ قارىغاندا، سەن ئاللىقاچان ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسەن، سەن پەقەت بىر ئايال خالاس» دەپ ۋارقىرىدى.

- ئىسمىڭ نىمە؟

- تۇنسا - دېدىم مەن.

- مەن بىلدىم، سەن ئۇلار تەرىپلىگەن گرانات كاللا شۇ. سېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلغىنىمنىڭ پايدىسى يوق، بەرىبىر سەن مېنىڭ قولۇمدىكى ئادەم، دېدى ئۇ. ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، ئېشىكنى جالاقلىتىپ ياپقانچە چىقىپ كەتتى. تەخمىنەن بىر كۈندىن كېيىن، يېشى كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېتىلدى. ھەمدە يەرلىك مەكتەپكە ئاپىرىلىپ بىر ئاخۇننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. قالغان 14 قىز ۋە تۇنسانىڭ ئاپىسى سىپىل ئىچىدىكى بىر كىچىك ھەم مەينەت ئۆيگە قاماپ قويۇلدى. بىر قېتىم ئۈچ ئەسكەر ئۇسۇپ كىرىپ ئۇلارنى مازاق قىلدى ھەمدە ھاقارەتلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بۇ يەرگە سولاپ قويۇلغىنىدىن يەنىلا خۇرسەن بولۇشتى.




بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمىر بولۇشى مۇمكىن

تۇنسا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:تەخمىنەن بىر ھەپتىدىن كېيىنكى بىر كېچىسى، ئەمىر قەشقەردىن كەلگەن قىزلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھاۋا، مادا

(马大) ۋە زەيىنەپلەر خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى بىلەن بىرگە كەتتى. مادا بىلەن زەيىنەپ ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى. لېكىن، ھاۋا ئېلىپ قىلىنغان ئىدى. بىز كۈتتۇق، كۈتكەنسىرى جىددىيلىشىشكە باشلىدۇق. تاڭ يورۇپ كۈن چىقاي دېگەن ۋاقىتتا ئۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، دەرمانسىزلىقتىن يەرگە يىقىلدى ھەم يىغلاپ كەتتى.

## ھاۋانىڭ ھېكايىسى

ئۇ بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن، سەل تىنچلاندى ھەمدە بىزگە ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى: باشقا ئىككى قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەمىر ئىشىكنى تاقىدى ھەمدە ماڭا بۇرۇلۇپ «سەن ئەمدى ماڭا تەئەللۇق بولدۇڭ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن قېچىپ بىر چەتكە ئۆتتۇۋالدىم. ھەمدە غەزەپ بىلەن «خۇددى ئاكامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك، مېنىمۇ دەرھال ئۆلتۈرۈۋەت!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، كۆز ئالدىمدا بىر نەچچىنى پۇلاڭلاتقاندىن كېيىن، يەنە قىنىغا سېلىپ قويۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ماڭا تىكىلدى. مەن بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلىۋەتتىم. «مېنىڭ شۇ بىرلا ئاكام بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق تۇغقانلىرىممۇ يوق ئىدى. مەن ھازىر يار يۆلەكسىز قالدىم، شۇنداقلا ئاكامنى ئۆلتۈرگەن ياۋۇز كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم» دېدىم. شۇ ۋاقىتتا، مەن تۇيۇقسىز ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ھابىلنىڭ قول سائىتىنى كۆرۈپ قالدىم. «ئەنە ئۇ مېنىڭ ئاكامنىڭ سائىتى ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدىم. ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ماڭا بۇرۇلدى، ھەمدە مېنىڭدىن «نېمە دەۋاتىسەن، قىزچاق؟ سەن بۇ يىگىتنىڭ سىڭلىسىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ خۇددى بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغاندەك قاتتىق بىر سىلكىنىپ، تەمكىنلىشىپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇلاپلا: «بۇ ئىش ئۈچۈن كۆڭلۈكنى يېرىم قىلما. مەن سېنى ھازىرلا مېنىڭ خانىشىمغا ئايلاندۇرىمەن. ئۈركۈگەك قۇش قېنى بۇ ياققا كەل!» دېدى. ئەتىگەندە ئۇ مېنى قويۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى مېنىڭدىن بىرەر ياخشى دوستۇمنىڭ بار-يوقلىقىنى سورىدى. مەن تېخى ئۇنى يۇمشاپ قالدى دەپ ئويلاپتىمەن. شۇڭلاشقا «بار، ئۇنىڭ ئىسمى بۇرەيھان» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ ماڭا «ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، شور پېشانە بالا، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايمەن. لېكىن، سەن چوقۇم ياخشى دوستۇڭ بۇرەيھاننى ئورنىڭغا ئەكىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك» دېدى. مېنىڭ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا قايتىپ كەلگۈدەك يۈزۈم قالمىغان ئىدى. چۈنكى، مەن ئەسلىدە ھابىل بىلەن توي قىلماقچى بولغان بۇرەيھاننى ئۇنىڭغا دەپ قويغان ئىدىم. ئەمما، ئۇلار مېنى بۇ

يەرگە ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىنلا، بۇرەيھانىنى ئېلىپ كەتتى. ئەمىر ئۇنى كۆرۈپلا. بىر دوستىنى گۇۋاھلىققا چاقىردى، ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ھابىلنىڭ كەلگۈسى ئايالى يەركەندە بىر مەزگىل خانىش بولدى.

## ۋەھىمە ئىچىدىكى بىر تىنىق




ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن بىر كۆرۈنۈش




داۋالغۇش ئىچىدىكى كىشىلەر

خوتەنلىك ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئەمىرلەر ئىچكى ئۇرۇشقا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا خەنزۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئۇلار شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ كېسەل داۋالىيالايدىغانلىقىنى، بىر ئوفىتسېرى ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئىمىرىست رون ئەپەندى تەرىپىدىن ساقايتىلغاندىن كېيىن ئاندىن بايقىدى.




كېسەل داۋالاۋاتقان شۋېتلار



ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇشتا يارىلانغانلار




ياردىلار ۋە شۋىت دوختۇرلار




شۋىتلارنىڭ يەركەندىكى داۋالاش ئورنى

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بۇ ۋاقىتتا ئەمىر ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى قارار قىلدى. ئۇ «خىرىستىيان مۇرتلىرى ۋە يەھۇدىلار مۇقەددەس كىتابنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر، ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچى بۇتقا چوقۇنىدىغان خەنزۇلار ۋە روسلارغا قارىتىلىشى كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ياۋايى ئەسكەرلىرى دىن تارقاتقۇچىلارغا

دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا يېشى كىچىك باللار ئۇرۇق-تۇققانلىرى ياكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇلدى. ئوغۇل دىن تارقاتقۇچىلارمۇ قويۇپ بېرىلدى. ياشتا چوڭراق قىزلار شارائىتى ياخشىراق بولغان ئۆيگە كۆچۈرۈلدى. 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، يەنە بىر مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى (مافۇيەن، ماجەنساڭ، ماشاۋۋىنىڭ قوشۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن –تەرجىماندىن) خوتەنلىكلەرنى يەركەندىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلار ياشتا چوڭراق بۇ قىزلارنى چوقۇم ئۇلارنى ئەمىرىگە ئېلىشنى خالايدىغان مۇسۇلمان يىگىتلەر بىلەن توي قىلىش شەرتى ئاستىدا قويۇپ بەردى.

هاۋا بىلەن توي قىلغان ھىلىقى ئەر ئېغىر دەرىجىدە سىفلىس كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، ئۇمۇ ئاشۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان ئىدى. شۇڭلاشقا، بالىسى تۇغۇلىدىغان ۋاقىتقا ئاز قالغاندا ئۆلۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئارىلىقىدا قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يولدىشى سىرتتا ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، يەركەنگە ھەرگىزمۇ قايتىپ كېلەلىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئېغىر يۈك دەپ ھېسابلاشتى. بۇ ۋاقىتتا ئاندىرسىن خېنىم يەركەنگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ كېلىپلا ھاۋانىڭ ئاغرىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئۇقتى. بىر كۈنى ئۇ بىر مەيىنى ئارىيەت ئېلىپ ھاۋانىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئۆلارنىڭ رەت قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ ھاۋانى چوقۇم ئېلىپ كەتكۈسى بارلىقىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىغان ئىدى. ئۇ ئىنتايىن سىپايىلىك بىلەن، ئۇلار ناۋادا خالىسا، ھاۋانى ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار تارتىنىشمايلا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاندىرسىن خېنىم ھاۋانى دەرھال ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ زىيانكەش قىلغان كاربۇۋاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن مەزگىلدە، خوتەنلىكلەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن كېتىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئېرى ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاجرىشىش خېتى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھاۋاغا مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۇنسا نىسبەتەن تەلەيلىك بولۇپ، ئۇ ياخشى بىر ئەرگە تېگىپ، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئىدى.

بۇ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا، خىرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ ھاياتى ھەر ۋاقىت خەتەر ئىچىدە تۇردى. بىر نەچچە قېتىم ئۇلار ئىلاھى بىشارەتلەرگە تايىنىپلا بۇ خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما روھى تەۋەلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يېڭى بىر ھاياتى كۆچىنىڭ بارلىققا كېلىش مەزگىلى بولۇپ، ئۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئوغۇرلىقچە كېلىپ، دىن

تارقاتقۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئالىلىقاچان خىرىستىيان دىنىغا ئىشەنگەنلىكىنى ئېيتىشقان ئىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ۋاقىتتىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ دىن تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان دوستانە پوزىتسىيىسىمۇ ئەزەلدىن بۇنچىلىك بولۇپ باقمىغان ئىدى.

# ئىككىنچى قېتىملىق مەجبۇرلىنىش

بۇ بىر نەچچە يىل سىياسىي ۋەزىيەت بىر قەدەر قالايمىقان بولدى. بىر دەم بىرلىشىپ، بىر دەم دۈشمەنلىشىپ يۈرگەن بىر نەچچە گۇرۇھلار بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە يەنە ئىتتىپاق تۈزدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرىدا شىڭ شىسەي ئىسىملىك بىر خەنزۇ ئەمەلدار ئۆزى گەرچە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلەشتى. ھەمدە پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئىلاھقا قارشى بىر قەبىھ سىياسەت يۈرگۈزدى. مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرىنى (خوجىنىياز ھاجىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن-تەرجىماندىن) ئېتىپ ئۆلتۈردى. نۇرغۇن خىرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى پامىر ئېگىزلىكى بىلەن ھىندىستانغا قېچىپ قۇتۇلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمىگە تاشلاندى.

قەشقەر ۋە يەركەندە دىن تارقاتقۇچىلار ئۆيلىرىدە نەزەربەنت قىلىندى. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇلارغا يېمەكلىك ۋە ئوتۇن سېتىپ بېرىشى چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇ مەنبەسىمۇ ئۈزۈپ تاشلاندى. شىنجاڭدا بارلىق سۇ (ئىچىملىك سۇمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دەريا ياكى ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق ئېقىپ كېلەتتى. تۇپراقنىڭ تۈز تەكىبى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، قۇدۇق سۈيىنى ئىچكىلى بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دىن تارقاتقۇچىلار ئايال مىسسىئونېرلار ۋە يېشى چوڭراق ئوغۇل دىن تەشۋىقاتچىلىرىنى سوۋېت ئارقىلىق شۋېتسىيەگە كېتىشكە مۇراجەت قىلدى. ئۈچ ئەر دىن تارقاتقۇچى قەشقەردە قېلىپ، دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قورۇسىغا نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلاردا ئازراق ئوتۇن، ھويلىدىكى كۆلچەكتە ئازراق سۇلا بار ئىدى. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يېرىم كېچىدە ھويلا تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ، بىر ئاز كۆكتات تاشلاپ بېرەتتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇلارغا قايتىپ كېتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. ئۇلار ئېتىراز بىلدۈردى. ئەمما، تولۇق قوراللانغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئۇلارنى يالاپ، ئۈچ ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھىندىستان چېگرىسىغا ئېلىپ كەلدى. ھەمدە چېگرىدىن چىقىرۋەتتى.



شۇتىلارنى چىگرىدىن چىقىرۋېتىشكە قاتناشقان ئەسكەرلەر



تاغلاردىن ئېشىپ يۇرتىغا قايتىش

ئۇلار ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئۆز مەسلەكداشلىرىنىڭ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى يەركەنلىك ھەسەن ئىسىملىك يىگىت بولۇپ، يىگىرمە ياشتا ئىدى. ئۇ ھابىلنىڭ دوستى ئىدى. بىر مۇسۇلمان يىگىت ئىلگىرى دىن تارقاتقۇچىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل تۈرمىگە سولانغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى كېچىسى ئەۋزەز يولى ئارقىلىق دىن تارقىتىش

پونكتىننىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ھەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تۆرمىنىڭ ئىچىدىكى بىر كامىردا ئىشكەللەرنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ھەمدە ھەسەننىڭ مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇنىڭ مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. كېيىنكى ئىككى ئاخشامدا ئۇلار ئىشكەلنىڭ سۆرەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، ھەسەن ئېنىقلا ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئىلاھ بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان گۇرۇھ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندا، ھاۋا 16 ياشتا ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى جايلاردا قىزلار مەكتەپلىرىنى قۇرغان. ھاۋا 90 نەپەر بالىغا مۇئەللىملىك قىلغان. ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە بالىلارنى تەربىيەلىگەن. ئۇلارغا ھەم مۇقەددەس قەسىدىلەرنى ئېيتىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ ۋاقىتتا يەكەندىكى قىزلار ئائىلىسىدىن چىققان قىزلارلا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە خەت تونۇيدىغان قىزلار ئىدى (بۇ بايانلارنى يەنىمۇ تەھقىقلەپ بېقىش لازىمدۇر- تەرجىماندىن) . شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپچىلىكى مۇشۇنداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن، ئۇ خىزمەت بېسىمى ھاۋاغا نىسبەتەن بەك ئېغىر يۈك ئىدى. بولۇپمۇ، ھېلىقى كۆلپەتلىك كەچۈرمۈشتىن كېيىن ئۇ بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ 20 ياشقا بارمايلا ئالەمدىن ئۆتتى.

كېيىنكى ئۇچۇرلار ئىلگىرىكى مىش-مىش گەپلەرنى ئىسپاتلىدى. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىنىنى مۇرتلىرى (خەنزۇ ھەم ئۇيغۇرلار) مۇ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى دېگۈدەك توڭلاپ ياكى ئاچ قېلىپ ئۆلۈپتۇ. بەزىلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېكايىمىزنىڭ بېشىدا تىلغان ئېلىنغان ۋەز-نەسىھەت ئېيتقۇچى باش قەھرىمان ئالىمۇ بار ئىكەن. يەنە يېڭىسارلىق ۋەز ئېيتقۇچى خېلىل، يەنە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى خەنزۇ مەكتەپىنىڭ مۇدىرى لىۋ مۇئەللىم قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىر نەچچە چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلغان، ئاندىن ھەر بىر گۇرۇپپا ھاۋامۇ ئۆتۈشمەيدىغان كىچىك بىر كامىرغا قىستاپ سولانغان. ئۇ كىچىك كامىر ئىنتايىن بولۇپ، بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەكمۇ بوشلۇق يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئۆرە تۇرۇش ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر نەچچە ئامان قالغۇچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ پۇت ۋە تىزلىرى ئاغرىپ ئىششىپ كەتكەن، بىر قىسىملىرى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغان. ھېچقانداق ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرى بولمىغان كامىرلار قىش ۋاقتىدا جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ بۇ مەھبۇسلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولغان. چۈنكى، بۇلار تۇتۇلغان

ۋاقىتتىكى كىيىملىرى بىلەنلا قامالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئارتۇق كىيىم ئەكىرىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. ئۆلەرنىڭ بەزىلىرى ئادەم ئاڭلىسىمۇ، تېنى جۇغۇلدايدىغان قىيناقلارغا ئېلىنغان. شۇنداق بولغاچقا، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرىدىن باشقىلىرى ئارىسىدا، كۆندە دېگۈدەك بىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. بەزى كۈنلىرى ھەتتا كامىردىن تۆت-بەش جەسەتنى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتكەن. بىر نەچچە يىللىق قاماقتىن كېيىن، بارلىق خرىستىيان مۇرتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلۈپ تۈگىگەن. ئامان قالغان ئاز بىر قىسىملىرى راسا قىيىن-قىستاقتا ئېلىنىپ ۋە تەھدىت سېلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن.

خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىلاۋىسى قىسقارتىلدى.

تېمىنىڭ توردىكى مەنبەسى:

http://www. answering-islam. org/chinese/topic19/tc-19-74. html

تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى فىلىملەر:

1. http://www. tudou. com/programs/view/ySsZOUG1EOI/
2. http://www. tudou. com/programs/view/QE- QhJbdQO0/
3. http://v. youku. com/v- show/id- XMzAyNzcwNDI0. html
4. http://v. youku. com/v- show/id- XMzAyNzcwMzc2. html
5. http://www. tudou. com/programs/view/RFYPkD2I9JA/
6. http://www. tudou. com/programs/view/8cWM3DRFkm0/

يۇقۇرقى فىلىملەر مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تور دۇنياسىدىن يىغىپ توپلاندى. -لوپنۇرى

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

## مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

## www. Menzil. biz

book@menzil. biz menzilbiz@163. com